# بىز رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بىلەن رامىزان ئېيىدا سەپەرگە چىقتۇق، ھاۋا قاتتىق ئىسسىق ئىدى، ھەتتاكى بەزىلىرىمىز ئىسسىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن قولىنى بېشىغا قويۇۋالاتتى، بىزنىڭ ئارىمىزدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەدىن باشقا ھېچكىم روزا تۇتمىغان ئېدى

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بىلەن رامىزان ئېيىدا سەپەرگە چىقتۇق، ھاۋا قاتتىق ئىسسىق ئىدى، ھەتتاكى بەزىلىرىمىز ئىسسىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن قولىنى بېشىغا قويۇۋالاتتى، بىزنىڭ ئارىمىزدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەدىن باشقا ھېچكىم روزا تۇتمىغان ئېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەۋەر بېرىپ دەيدۇكى: ئۇلار بىر رامىزان ئېيىدا سەپەرگە چىققان ئىدى، ئۇ سەپەر ناھايىتى قاتتىق ئىسسىق ۋاقىتقا توغرا كەلگەن بولۇپ، ھەتتاكى ئىسسىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن كىشلەر باشلىرىنى ئىسسىقتىن ھىمايە قىلىش ئۈچۈن قوللىرىنى باشلىرىغا قويۇۋالاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋە ئەنسارىلاردىن بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باشقا ھېچكىم روزا تۇتمىغان ئىدى، ئۇ ئىككەيلەن مۇشۇ قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىپ روزا تۇتتى. بۇ سەپەردە مۇشەققەت بىلەن بولسىمۇ، ھالاكەتكە ئېلىپ بارمايدىغانلام بولسا، روزا تۇتۇشنىڭ جائىزلىقىنى بىلدۈرىدىغان دەلىللەردىندۇر. تەيسىيرىل ئەللام 327- بەت، تەنبىھۇل ئەفھام 3- توم 432- بەت، تەئسسۇل ئەھكام 3- توم241- بەت

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4505

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee